شىنجاڭ گېزىتى

新疆日报 شىنجاڭ گېزىتى

2020 - يىل 11 - ئاي
1
يەكشەنبە
维吾尔文 11 月1日

شىنجاڭ گېزىتخانىسى نەشر قىلدى 新疆日报网：www.xjdaily.com
مەملىكەت ئىچىدىكى بىرتۇتاش نومۇرى: CN 65−0002/−W

پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 1−57 ماقالە ئەۋەتىش پوچتا ساندۇقى: xjrbdzb@xjdaily.com 25232 - سان بۈگۈن 4 بەت

«14 - بەش يىل» مەزگىلىدە دۆلىتىمىز تەرەققىياتىدا چوقۇم ئەمەل قىلىشقا تېگىشلىك مۇھىم پرىنسىپ

—— پارتىيە 19 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 5 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇش توغرىسىدا

☐ خەلق گېزىتى ئوبزورچىسى

ئوتتۇرا، ئۇزاق مەزگىللىك يىرىك پىلان ئارقىلىق ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىغا يېتەكچىلىك قىلىش پارتىيەمىزنىڭ دۆلەتنى ئىدارە قىلىپ ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈشىدىكى بىر خىل مۇھىم ئۇسۇل.

پارتىيە 19 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 5 - ئومۇمىي يىغىنى پارتىيە ۋە دۆلەت ئىشلىرىنىڭ تەرەققىيات پۈتۈن ۋەزىيىتى يۇكسەكلىكىدە تۇرۇپ، پارتىيە 19 - قۇرۇلتىيىدا ئىككىنچى 100 يىللىق كۈرەش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا قارىتا چىقىرىلغان ئىككى باسقۇچقا بۆلۈپ ئالغا سىلجىتىش ئىستراتېگىيەلىك ئورۇنلاشتۇرۇشقا ئاساسەن، كەلگۈسى بىر مەزگىلدىكى دۆلەت ئىچى - سىرتىنىڭ تەرەققىيات يۈزلىنىشى ۋە دۆلىتىمىزنىڭ تەرەققىيات شارائىتىنى ئۇنىۋېرسال ئويلىشىپ، «14 - بەش يىل» مەزگىلىدىكى دۆلىتىمىز تەرەققىياتىغا قارىتا سىستېمىلىق پىلان تۈزدى ۋە ئىستراتېگىيەلىك ئورۇنلاشتۇرما قىلدى.

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

«ئىزدىنىش» ژۇرنىلىدا باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم ماقالىسى ئېلان قىلىندۇ

دۆلەتنىڭ ئوتتۇرا، ئۇزاق مەزگىللىك ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىيات ئىستراتېگىيەسىگە دائىر بىرقانچە مۇھىم، زور مەسىلە

شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 10 - ئاينىڭ 31 - كۈنى تېلېگراممىسى 11 - ئاينىڭ 1 - كۈنى نەشر قىلىندىغان «ئىزدىنىش» ژۇرنىلىنىڭ 21 - سانىدا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باش شۇجىسى، دۆلەت رەئىسى، مەركىزىي ھەربىي كومىتېتىنىڭ رەئىسى شى جىنپىڭنىڭ «دۆلەتنىڭ ئوتتۇرا، ئۇزاق مەزگىللىك ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىيات ئىستراتېگىيەسىگە دائىر بىرقانچە مۇھىم، زور مەسىلە» ناملىق مۇھىم ماقالىسى ئېلان قىلىندۇ.

ماقالىدە مۇنۇلار تەكىتلەندى: بۈگۈنكى دۇنيا 100 يىلدىمۇ كۆرۈلۈپ باقمىغان چوڭ ئۆزگىرىش ۋەزىيىتىنى باشتىن كەچۈرمەكتە، بۇ قېتىمقى يۇقۇم بىر قېتىملىق كىرىزىس، شۇنداقلا بىر قېتىملىق چوڭ سىناق. بىز بىرنى بىلىش ئارقىلىق باشقىلارنىمۇ بىلىپ، تېخىمۇ ئۇزاق مۇددەتلىك پىكىر يۈرگۈزۈپ، ئىستراتېگىيەلىك ئورۇنلاشتۇرۇشنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، كرىزىسنى پۇرسەتكە ئايلاندۇرۇپ، يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتنى ئىشقا ئاشۇرۇشىمىز كېرەك.

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

سۈيىيكتلىق رولىنى قوزغىتىش پەيتنى قولدىن بەرمەي كۈرەش قىلىش

ئاپتونوم رايونىمىزدا 5G ئاساسىي پونكىتىدىن 5265ى قۇرۇلدى

5G ئابونتچىلىرى 2 مىليون 500 مىڭغا يەتتى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز شى شىننىڭ ئاپتونوم رايوننىڭ 5G تورى قۇرۇلۇشىنى ئالغا سىلجىتىش تېلېۋىزىيە - تېلېفون يىغىنىدىن ئىگىلىشىچە، 10 - ئاينىڭ 23 - كۈنىگىچە، پۈتۈن شىنجاڭدا 5G ئاساسىي پونكىتىدىن 5265ى قۇرۇلغان، 5G ئاساسىي پونكىتىدىن 5152سى ئېچىلغان، 5G ئابونتچىلىرى 2 مىليون 500 مىڭغا يەتكەن.

6 - ئاينىڭ 6 - كۈنى ئاپتونوم رايون 5G تورى قۇرۇلۇشىنى ئالغا سىلجىتىشنى تېزلىتىش سىنلىق ئورۇنلاشتۇرۇش يىغىنى ئاچقاندىن كېيىن، ئاپتونوم رايونلۇق 5G تورى قۇرۇلۇشى تەرەققىيات خىزمىتى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىغا ئەزا ھەرقايسى ئورۇنلار، ھەرقايسى ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەر دائىملاشقان يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ئالدىنقى شەرتىدە، 5G تورى قۇرۇلۇشىنىڭ سۈرئىتىنى تېزلىتىپ، 5G تورىنىڭ قاپلاش دائىرىسى ۋە كەسىپ ئەمەلىي قوللىنىشىنى ئومۇميۈزلۈك ئۆستۈرۈپ، يېڭى دەۋردىكى جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك شىنجاڭ قۇرۇپ چىقىشقا كۈچ قوشتى.

ئۈرۈمچى شەھىرى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى 5G تورى قۇرۇلۇشى، كەسىپتە ئەمەلىي قوللىنىشتىكى باشلامچى بولۇش سۈپىتى بىلەن، 5G ئاساسىي پونكىتىدىن جەمئىي 2484نى قۇرۇپ، ئادەم ئېقىمى زىچ سودا رايونلىرى ھەم ئاساسلىق شەھەر رايونىنى 5G تورى بىلەن تولۇقلاشتۇرۇپ قاپلاشنى ئاساسىي جەھەتتىن ئىشقا ئاشۇردى، 5G+ كەسىپ ئەمەلىي قوللىنىشىدا دەسلەپكى قەدەمدە كۆپ كۆرۈنۈشلۈك، كۆپ كەسىپ، كۆپ ساھە يۈرۈلغان ئەندىزە شەكىللىنىپ، 5Gنى ئەمەلىي قوللىنىش ھەم كەسىپتە ئۈلگە كۆرسىتىش ئېففېكتى دەسلەپكى قەدەمدە نامايان بولدى، ھازىر ئۈرۈمچى يادرو قىلىنىپ، پۈتۈن شىنجاڭدا 5Gنى ئەمەلىي قوللىنىشقا تۈرتكە بولۇندى.

ئاپتونوم رايونلۇق تەرەققىيات ۋە ئىسلاھات كومىتېتى 5G ئاساسىي پونكىتىنىڭ توك ئىشلىتىش تەننەرخىنى تۆۋەنلىتىش توغرىسىدىكى سىياسەت ھۆججىتىنى ئوتتۇرىغا قويدى، ئاپتونوم رايونلۇق بازار نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش ئىدارىسى توك بىلەن تەمىنلەش ھالقىسىدىكى ھەق ئېلىش ھەرىكىتىنى نازارەت قىلىش - باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ،

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

جىددىي قۇرۇلۇش قىلىش

10 - ئاينىڭ 31 - كۈنى، سانجى خۇيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ غەربىي قىسمىدىكى نەنشەن تېغىغا ياندىشىپ تاشيول تورى نەق مەيداندا ئىشچىلار جىددىي قۇرۇلۇش قىلىۋاتىدۇ. تاشيول شەرقتە تۇدۇنخې دەرياسىنىڭ شەرقىي قىرغىقىدا باشلىنىپ، ئاخىرقى نۇقتىسى ماناس ناھىيەسىنىڭ تاسىرقاي سانائەت باغچىسىدا S115 لىنىيەسى بىلەن تۇتىشىدۇ، ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 114.1 كىلومېتىر.

☐ خې لۇك فوتوسى

يېڭى مۇساپىنى باشلاش يېڭى نەتىجە يارىتىش

—— ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر مىللەت كادىرلار، ئامما پارتىيە 19 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 5 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى قىزغىن مۇھاكىمە قىلدى

☐ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرلىرىمىز

پارتىيە 19 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 5 - ئومۇمىي يىغىنى ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشنىڭ غەلىبىسى كۆز ئالدىمىزدا تۇرغان، ئومۇميۈزلۈك سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان دۆلەت قۇرۇش يېڭى مۇساپىسى پات يېقىندا باشلىنىدىغان مۇھىم تارىخىي پەيتتە ئېچىلغان بىر قېتىملىق ئىنتايىن مۇھىم يىغىن. ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر مىللەت كادىرلار، ئامما يۇكسەك ئەھمىيەت بېرىپ، كۆپ خىل شەكىلدە ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى ئۆگەندى. كۆپچىلىك بىردەك مۇنداق بىلدۈردى: «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، قەتئىي ھالدا ئىدىيە ۋە ھەرىكەتنى پارتىيە 19 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 5 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھى، بولۇپمۇ باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ روھىغا بىرلىككە كەلتۈرۈپ، بىر نىيەت، بىر مەقسەتتە بولۇپ، قەيسەرلىك بىلەن كۈرەش قىلىپ، ئومۇميۈزلۈك سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان دۆلەت قۇرۇشنىڭ يېڭى غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن پائال تۆھپە قوشىمىز.

ئاپتونوم رايونلۇق تەرەققىيات ۋە ئىسلاھات كومىتېتى تەرەققىيات ئىستراتېگىيەسى ۋە يىرىك پىلان باشقارمىسىنىڭ باشلىقى چيۇ دۇڭ مۇنداق بىلدۈردى: ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى تولۇق، دەل جايىدا ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئاپتونوم رايوننىڭ «14 - بەش يىل»لىق يىرىك پىلانىنى ئىلمىي، ياخشى تۈزۈپ، ئاپتونوم رايوننىڭ ئۇزاق كەلگۈسى تەرەققىياتىغا مۇناسىۋەتلىك مۇھىم، زور قۇرۇلۇشلار، مۇھىم، زور سىياسەتلەر ۋە مۇھىم، زور ئىسلاھات تەدبىرلىرىنى ئەستايىدىل پىلانلاپ، تىرىشىپ ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى تەرەققىياتقا تۈرتكە بولۇشتىكى كونكرېت تەدبىرگە ئايلاندۇرۇپ، تەرەققىيات يىرىك پىلانىنىڭ ئىستراتېگىيەلىك يېتەكچىلىك رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، پۈتۈن ئاپتونوم رايون ئىقتىسادىنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولىمىز.

(ئاخىرى 3 - بەتتە)

ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى پارتىيە گۇرۇپپىسى يىغىنى ئاچتى

يۇكسەك سىياسىي ئاڭلىقلىق، ئىدىيە ئاڭلىقلىقى، ھەرىكەت ئاڭلىقلىقى بىلەن پارتىيە 19 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 5 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى ياخشى ئۆگىنىش ۋە ئىزچىللاشتۇرۇش كېرەك

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **ۋاڭ يۈفېي** خەۋەر قىلدۇ: 10 - ئاينىڭ 30 - كۈنى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى شۆھرەت زاكىر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى پارتىيە گۇرۇپپىسىنىڭ يىغىنىنى رىياسەتچىلىك قىلىپ ئاچتى، يىغىندا پارتىيە 19 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 5 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھى يەتكۈزۈلدى، ئۆگىنىلدى.

يىغىندا مۇنداق تەكىتلەندى: ھۆكۈمەت پارتىيە گۇرۇپپىسى ۋە ھۆكۈمەت بەنگۈڭتىڭى پارتىيە گۇرۇپپىسى ھەمدە ھۆكۈمەت سىستېمىسىدىكى ھەرقايسى تارماقلار، ھەرقايسى ئورۇنلار يۇكسەك سىياسىي ئاڭلىقلىق، ئىدىيە ئاڭلىقلىقى، ھەرىكەت ئاڭلىقلىقى بىلەن پارتىيە 19 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 5 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى ياخشى ئۆگىنىپ،

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

ئالدىنقى ئۈچ پەسىلدە بىڭتۈەن ئىقتىسادىنىڭ ئەسلىگە كېلىشى ياخشىلىنىشقا يۈزلەندى

ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى بۇلتۇرقى ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن %4.1 ئاشتى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **جاڭ شياۋيېنىڭ** بىڭتۈەن ئىستاتىستىكا ئىدارىسىدىن ئىگىلىشىچە، بۇ يىلدىن بۇيان، بىڭتۈەن ئىقتىسادىنىڭ ئەسلىگە كېلىشى يۇقۇمنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان بولسىمۇ يەنىلا داۋاملىق مۇقىم ئېشىشنى ساقلاپ، ياخشىلىنىشقا يۈزلىنىشتەك تەرەققىيات ھالىتى بارلىققا كەلگەن.

ئالدىنقى ئۈچ پەسىلدە، بىڭتۈەننىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى 167 مىليارد 793 مىليون يۈەنگە يېتىپ، ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلىغاندا، بۇلتۇرقى ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن %4.1 ئاشقان. بىڭتۈەننىڭ 1 - كەسىپ قوشۇلما قىممىتى %5.9 ئاشقان، 2 - كەسىپ قوشۇلما قىممىتى %10 ئاشقان، 3 - كەسىپ قوشۇلما قىممىتى %0.9 تۆۋەنلىگەن.

1 - ئايدىن 9 - ئايغىچە، بىڭتۈەننىڭ مۇقىم مۈلۈك سېلىنمىسى بۇلتۇرقى ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن %27.3 ئېشىپ، سىجىل يۇقىرى پەللىدە ئايلانغان. 9 - ئايدا، بىڭتۈەننىڭ مۇقىم مۈلۈك سېلىنمىسى %29.4 ئېشىپ، ئېشىش سۈرئىتى 8 - ئايدىكىدىن 20.1 پىرسەنت پوئېنت تېز بولغان.

(ئاخىرى 4 - بەتتە)

قەشقەر ۋىلايىتىگە كىرىپ چىقىشتا قاتناشنىڭ يۈرۈشۈشى نورمال بولدى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **چاۋ جىننىڭ** ئاپتونوم رايونلۇق ھۆكۈمەت ئاخبارات ئىشخانىسى 10 - ئاينىڭ 31 - كۈنى ئاچقان قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ كوناشەھەر ناھىيەسىدىكى يېڭى تىپتىكى تاجسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمى ۋە يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش خىزمىتى ئاخبارات ئېلان قىلىش يىغىنىدىن ئىگىلىشىچە، كوناشەھەر ناھىيەسىدە يۇقۇم يۈز بەرگەندىن كېيىن، قەشقەر ۋىلايىتى يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ۋە قاتناش - ترانسپورت كاپالىتىگە دائىر تۈرلۈك خىزمەتلەرنى پۈتۈن كۈچ بىلەن ياخشى ئىشلەپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ۋە ترانسپورت كاپالىتىنى ئىككى قولدا تۇتۇشتا چىڭ تۇرۇپ، قەتئىي ھالدا يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش جېڭىدە غەلىبە قىلىشنى پۇختا كاپالەت بىلەن تەمىنلىگەن.

(ئاخىرى 4 - بەتتە)

ياشانغانلار كۈتۈنۈش مۇلازىمىتى كاپالەت تورى توقۇغانسېرى زىچلاشتى

رەقەم ئارقىلىق شىنجاڭنىڭ «13 - بەش يىل»ىنى سۆزلەش

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز لى لىن خەۋەر قىلدۇ: «13 - بەش يىل» مەزگىلىدە، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ياشانغانلار كۈتۈنۈش مۇلازىمىتى ئۇل قۇرۇلۇشى، فۇنكسىيەنى جارى قىلدۇرۇش ۋە مۇلازىمەت سەۋىيەسى قاتارلىق جەھەتلەردىكى نەتىجە - ئۈنۈمى كۆرۈنەرلىك بولدى، بولۇپمۇ يېزىلاردىكى ياشانغانلار كۈتۈنۈش مۇلازىمىتى بويىچە تولۇق كاپالەتلەندۈرۈش تورى توقۇغانسېرى زىچلاشتى. 2019 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندا جەمئىي بار بولغان تۈرلۈك ياشانغانلار كۈتۈنۈش مۇلازىمەت ئاپپاراتى 425، بار بولغان كارىۋات سانى 44 مىڭ 782. بۇنىڭ ئىچىدە يېزىلاردىكى ياشانغانلار كۈتۈنۈش ئۆرنى 265، كارىۋات 24 مىڭ 861.

ياشانغانلار كۈتۈنۈش مۇلازىمىتىنىڭ خىزمەت بىرىكمە كۈچى يەنىمۇ كۈچەيدى. ئاپتونوم رايونىمىز ئۈن نەچچە ياشانغانلار كۈتۈنۈش سىياسىتى ھۆججىتىنى چىقاردى، بۇ، يۆلەش تۈرى، كاپالەتلەندۈرۈش تۈرى، خەلققە نەپ يەتكۈزۈش تۈرى قاتارلىقلارغا چېتىلىدىغان بولۇپ، شىنجاڭچە ئائىلە، مەھەللە، ئاپپارات «ئۈچ بىر گەۋدە قىلىنغان» ياشانغانلار كۈتۈنۈش مۇلازىمەت سىستېمىسى دەسلەپكى قەدەمدە بەرپا قىلىندى. نۆۋەتتە، 14 ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر، بولۇپمۇ شىمالىي شىنجاڭنىڭ مەركىزىي شەھەرلىرىدىكى ئائىلە، مەھەللە ياشانغانلار كۈتۈنۈش مۇلازىمىتى ئۇنىۋېرسال گەۋدە قۇرۇلۇشى قەدىمى تېزلىتىلىپ، ياشانغانلار كۈتۈنۈش ئاپپاراتلىرى، مۇلازىمەت تور نۇقتىلىرى، ئائىلە مۇلازىمىتى شىركىتى قاتارلىق مەھەللە مۇلازىمەت بايلىقىغا تايىنىپ كېڭەيتىلگەن «غىزالىنىشقا ياردەم بېرىش، يۇيۇنۇشقا ياردەم بېرىش، تازىلىق قىلىشقا ياردەم بېرىش، ھەرىكەت قىلىشقا ياردەم بېرىش، دوختۇرغا كۆرۈنۈشكە ياردەم بېرىش،

(ئاخىرى 2 - بەتتە)



☐制图/新疆日报视觉中心 窦宇